ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

سىياسەت كۈچ بەردى يېتەكلەش كۈچلۈك بولدى

# ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار «سەپنىڭ ئالدىدا تۇردى»

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇ لۇيېڭ

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)دىكى 310 كارخانا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 3889 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى. بۇ كارخانىلارنى خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر پەسىللىك كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسىنى مەلۇم قىلىش ماتېرىيالى يوللىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى بىر قېتىمدىلا ئاجرىتىپ بېرىلدى.

تۈرلۈك كارخانىلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتسە، كارخانىلار ئەمەلىي تاپشۇرغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ يىغىندىسى بويىچە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ... بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان بىر قاتار «كۈچلۈك، يادرولۇق» تەدبىرلەر كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى كارخانىلارمۇ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مېخانىزمى، ئىش ھەققى تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى.

## كۆپ تەرەپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۈچ قوشتى

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايون «پۇقراۋى كارخانىلار تەكلىپ قىلىش ئېيى»نى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى بىلەن ھەرقايسى باشقۇرۇش كومىتېت(مەھەللە)لىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بىر تەرەپتىن تەۋەلىك رايوندىكى خىزمەت ئېھتىياجى بار مۇشۇ قاراردا ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىدى، بىر تەرەپتىن تەۋەلىك رايوندىكى كارخانىلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئىش ئورنى ۋە ئادەم سانىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، پات ئارىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان مەھەللىلەردىكى مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنىغا تەييارلىق قىلدى.

يۇقىرىقىنىڭ تەسىرىدە، بەزى كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئازايدى، لېكىن ئومۇمىي مىقدارى كۆپ، يوشۇرۇن كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، يەنىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچ بولدى.

3 ـ تۈركۈمدە بەرپا قىلىنغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىگىلىك تىكلەش تېپىدىكى رايون(ناھىيە)لارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) كەسىپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە ئەمەلىي مەشىق قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بىر گەۋدىلەشكەن ھېس قىلىش شەكلىدىكى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن كىشىلەر، يېزىلاردىكى ئىگىلىك تىكلەش باشلامچىلىرى قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى بار كىشىلەرنى «كەسىپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش + ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش + ئىگىلىك تىكلەش بويىچە ئەمەلىي مەشىق قىلدۇرۇش + سىياسەت ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش + تور تونۇشتۇرۇش + تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت «6+» بىر بېكەت شەكلىدىكى سۈپا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولدى.

ھازىرغىچە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە سەككىز يېتىشتۈرۈش بازىسىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى، يېتىشتۈرۈش بازىسىغا كىرىپ ماكانلاشقان كارخانا 365، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچى 1711 بولدى، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق 3091 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

## تەربىيەلەش مېخانىزمى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

مەركەز كارخانىلىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى پائال قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

يېقىندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 100دىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنىغا ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالىي مەكتەپلەرنى مۇشۇ قاراردا پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى مۇشۇ قاراردا پۈتكۈزۈپ شىنجاڭغا قايتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ھازىرغىچە، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى داشۆ پۈتكۈزگەن 102 ئوقۇغۇچى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى پۇقراۋى كارخانىلارمۇ جانلىق، كۆپ خىل ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىچكى قىسىمدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئىشقا چۈشكەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ كەسىپ تەرەققىيات سۇپىسى بىلەن تەمىنلىدى.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ سۇنىڭ يىگوۋ سودا چەكلىك شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى دىرېكتورى ۋاڭ لىۇ 100 پارچىدىن ئارتۇق قىسقىچە تەرجىمىھال تاپشۇرۇۋالدى، «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 22 ئوقۇغۇچى ئىشقا چۈشتى.

ئەمدىلا شىخەنزە داشۆسىنىڭ يەر بايلىقنى باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن جىن مىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېلېكترونلۇق سودىغا قەدەم قويۇش پۈتۈنلەي يېڭى جەڭ ئېلان قىلىش ئىدى.

جىن مىن تۇنجى بولۇپ كىرگەن تارماق جەمئىيەت ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمى بولۇپ، پېشقەدەم خىزمەتچىلەرنىڭ ياردىمىدە، ئۇ جەمئىيەت ئاممىۋى خىزمەت تەپەككۇرىغا قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى، «گەرچە كەسىپ ھالقىغان بولسامۇ، شىركەتنىڭ قاتتىق يېتەكلەپ ئۆگىتىش مېخانىزمى، تەربىيەلەش مەزگىلى بولغاچقا، تىرىشساملا، ئۆزۈمنىڭ ھامان نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن».

ۋاڭ لىۇ مۇنداق بىلدۈردى: كارخانا ئادەم ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، ياش باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئۆستۈرۈش، توغرا يۆنىلىشتە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى چېنىقىش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## تەجرىبە توپلاش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇردى

يۇقىرىقىنىڭ تەسىرىدە، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ كەتتى، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆزلىمىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، كەسپ پەللىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى تۈزۈپ، پىراكتىكا تەجرىبىسى توپلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىمكانقەدەر شەخسىي تەرەققىياتنى ئەڭ زورايتىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، شىنجاڭ تەيكۇن گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى ئاقتۇ باقمىچىلىق شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىدا، پەيزۇللا ھمام ئەمگەك توختامىنى رەسمىي ئىمزالىغاندىن كېيىنكى تۇنجى مەيدان باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشقاندا ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم لېكتورلاردىن پات ـ پات سوئال سوراپ تۇردى.

پەيزۇللا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ھايۋانات تېبابەتچىلىك كەسپىنى مۇشۇ قاراردا پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا، مەكتەپتىكى تەكلىپ قىلىشتا، پەيزۇللا شىنجاڭ تەيكۇن گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشقا چۈشۈپ پىراكتىكا قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ ھامان ئاقتۇ باقمىچىلىق شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ پىراكتىكىنى باشلىدى.

«كىچىك ھايۋانلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن، كارخانا باشقۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. مەيدان باشلىقىغا ئەگىشىپ ئۆگىنىش، پېشقەدەم خىزمەتچىلەردىن تەلىم ئېلىشتىن باشقا، مەن كارخانىدىكى ھەرقانداق بىر قېتىملىق تەربىيەلىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيمەن». پەيزۇللانىڭ قارىشىچە، دەل كارخانا ئۈزلۈكسىز ئورناتقان، مۇكەممەللەشتۈرگەن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى، ئۆستۈرۈش مېخانىزمى جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان ئۇلارنى تېز ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپتۇ.

«ئىشىنىمەنكى، قەلبىمىزدە ئوت، كۆزىمىزدە نۇر بولسىلا، بىز چوقۇم كارخانىدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزگە تەۋە بوشلۇق يارىتالايمىز» دېدى پەيزۇللا.

# «كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كەتكۈم كەلمىدى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇدۇلدىكى تام ئىككى ئاسما سېۋەتتىكى قىزىل رەڭلىك سولياۋ گۈل بىلەن بېزەلگەنىدى. تېلېۋىزور، سافا، ساجى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىدى، قىزىل رەڭلىك دېرىزە پەردىسى ۋە ئىشىك پەردىسى پۈتۈن ئۆينى ئوتقاشتەك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى، دېرىزە تەكچىسىدە چىرايلىق گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، مېھمانخانىنىڭ ھەممە يېرىنى خۇش ھىد قاپلىغانىدى.

كۆچۈشتىن ئىلگىرى، توختى بىر ئائىلە كىشىلىرى چوپان يېزىسىنىڭ ئىلىنىش كەنتىدە تۇراتتى. بۇ يېزىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار ئىدى، پۇقرالار چوپان دەرياسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كىشى بېشىغا 0.8 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلەتتى، يەرنىڭ تېرىلىشچانلىقى ناچار ئىدى، يوللار راۋان ئەمەس، كىرىپ چىقىش قولايسىز، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ئاز بولۇپ، كىرىم يوللىرىدىن پەقەت ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكلا بار ئىدى.

«ئىلگىرى كەلكۈن كېلىپ، قوي ـ كالىلىرىمىزنى ئېقىتىپ كېتەتتى، ئۆي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى.» توختى: سۇنى دەريادىن توشۇپ كېلەتتۇق، تاماق ئەتكەندە ئوتۇن قالايتتۇق، بىر يىلدا ناھىيە بازىرىغا بىرەر قېتىممۇ بارالمايتتۇق، دېدى. تۇرمۇش ۋە سەپەرگە چىقىش شۇنچە قىيىن بولسىمۇ، ئەمما توختى ئائىلىسى كۆچۈرۈلىدىغان ئائىلە قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، توختىنىڭ يەنىلا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا تازا كۆزى قىيمىدى ۋە كۆچكەندىن كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئەندىشە قىلدى.

تاكى ئۆي ئايرىپ چىققان چوڭ ئوغلىنىڭ ئائىلىسى 2018 ـ يىلى ئاقتاش بازىرىدىكى 1 ـ تۈركۈمدە كۆچۈرۈلگەن ئائىلىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۈرلۈك پايدىلىق تەرەپلەرنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇنداقلا تۇغقانلىشىپ ياردەم بەرگەن ـ يۆلىگەن كادىر قايتا ـ قايتا سەپەرۋەر قىلغاندىن كېيىن، توختى ئاندىن قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

سۈزۈك تۇرۇبا سۈيى، قولايلىق تەبىئىي گاز، چىرايلىق ئەمىن ئۆي، قولايلىق لىنىيە ئاپتوبۇسى، مەكتەپ، دوختۇرخانا يېقىن ئەتراپتىلا، تۇرمۇشنىڭ راھەت، قولايلىقىدىن توختىنىڭ «كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كەتكۈسى كەلمىدى».

كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا بالدۇرراق ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاقتاش بازىرىدا خەلققە قولاي مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، «تۇرمۇش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش» قانات يايدۇرۇلۇپ، قولاي بولغان «بىر بېكەت شەكلى»دىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەندى.

بازارنىڭ ياردىمىدە، توختى ئائىلىسىدىكىلەر تېز سۈرئەتتە يېڭى تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى. كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى، جورىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قولايسىز بولغاچقا، ۋاقتىدا كۆرۈنمىگەچكە، ھاسىغا تايىنىپ ماڭاتتى. يېڭى ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىن، راھەت تۇرمۇش مۇھىتىدا، ئۆيىنىڭ ئالدىدىلا كېسەل كۆرسىتەلىگەچكە، جورىسى ھاسىنى تاشلاپ، سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتى.

«كۆچۈرۈش پەقەت ۋاستە، مەقسەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش.» ئاقتاش بازىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلۇقى، توكچىلىق، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى، تىككۈچىلىك، ئاشپەزلىك قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن 14نى، دۇكاندىن 130نى ئاچتى، 1300 پارنىك، بىر چارۋا باقمىچىلىقى باغچە رايونى، بىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇردى، ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن توققۇز كارخانىنى كىرگۈزۈپ سانائەت باغچە رايونىدا ماكانلاشتۇردى. ئاقتاش بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چيەن گوبياۋ مۇنداق دېدى: بازىرىمىز كەسپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش، مۇلازىمەت بىلەن تولۇق قاپلاشنى يولغا قويۇپ، بىر ئائىلە كۆچۈرۈلسە، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

توختىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەسلىدە ئۈچ يىل ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما چوپان يېزىسىدا ھۈنىرىنى ئىشقا سالالىدىغان جاي چىقمىغانىدى. كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن كېلىنى بازاردا بىر ئاشخانا ئاچتى، ئايلىق ئومۇمىي كىرىمى 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى. مال كىرگۈزۈشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئىككىنچى ئوغلى يېقىندا شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە باشلىدى، پۇل يىغىپ ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ياشانغان ئەر ـ خوتۇننىڭ نېمە تاماق يېگۈسى كەلسە، كېلىنى ئاشخانىدىن ئېتىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئىككى نەۋرە قىزىمۇ ئىشىك ئالدىدىلا ئوقۇغاچقا، ھەر ۋاقىت ھالىدىن خەۋەر ئالالايدۇ. راھەت تۇرمۇشتىن توختى ناھايىتى خۇشاللىققا چۆمدى.

«ھازىر ناھىيە بازىرىغا بېرىش ناھايىتى قولايلىق، يولۇچى توشۇش بېكىتى يېقىن ئەتراپتىلا. مەن بۇ يىل ناھىيە بازىرىغا بىر قانچە قېتىم باردىم» دېدى توختىنىڭ جورىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك ئەندىشىدىن ھازىرقى خۇشاللىقلارغىچە، توختى خاتىرجەم بولدى، كۆڭلىمۇ ئەمىن تاپتى.

پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، توختى زىيارەت جەريانىدا «پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالدى. ياشانغان ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارزۇسى سالامەتلىكنى ياخشى ئاسراپ، بازارغا بېرىپ مۇھىت تازىلىقىغا ياردەملىشىپ، ئەتراپتىكى مۇھىتنى پاك ـ پاكىز تازىلاش، تېخىمۇ گۈزەل قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەۋرە قىزلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، كېيىن يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدا 34 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلىنىپ، 1 مىليارد 286 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملاندى؛ 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، جۇڭگو ـ ياۋروپا (جۇڭگو ـ ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزىدىن 410ى قاتنىدى؛ 2014 ـ يىلدىن بۇيان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 3678ى قاتنىدى، قاتنايدىغان لىنىيە 21گە كۆپىيىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپادىكى 19 دۆلەتتىكى 26 شەھەرگە تۇتاشتى؛ خوتەن ـ قەشقەر ـ ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ دائىملاشقان قاتنىشىغا تۈرتكە بولۇندى، بۇلتۇر 9 ـ ئايدا قاتناش باشلانغاندىن بۇيان جەمئىي 26 نۆۋەتچى پويىز قاتنىدى.

قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ كۆپ تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى مۇقىملىشىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ئورۇندىغان تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى 5 مىليارد 116 مىليون يۈەن بولۇپ، 82.7% ئاشتى؛ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 12 مىليارد 994 مىليون يۈەن بولۇپ، 99.85% ئاشتى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، قورغاس جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت پورتى، گىرىم بۇيۇملىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت پورتى، دورا ئېكسپورت پورتى رەسمىي ۋىئۇسكا ئېيسپ قۇرۇلدى، بۇ، قورغاسنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە فۇنكسىيەلىك پورت سانى ئەڭ كۆپ، تۈرى ئەڭ تولۇق پورت شەھىرىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ئىشقا ئاشۇرغان ئادەتتىكى ئاممىۋى مالىيە خامچوت كىرىمى 430 مىليون يۈەن بولۇپ، 37.7% ئاشتى؛ ئورۇندالغان تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى 2 مىليارد 136 مىليون يۈەن بولۇپ، 98.3% ئاشتى؛ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 275 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 42.5%ى ئورۇندالدى.

تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى رەسمىي تەستىقلاندى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ توردىكى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، تۇنجى قېتىملىق توردىن مال سېتىۋېلىش باجىدىن خالىي ئىمپورت سىنىقى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، چۆچەك شەھىرى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا بازىرى سودىسى ئىمپورت تاۋارلىرىنى شۇ جايدا پىششىقلايدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ناھىيە، شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىسىدىن 119 تۈر كۆپەيتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى، جۇڭگو (شىنجاڭ) ئەركىن سودا سىناق رايونىنى ئىلتىماس قىلىپ قۇرۇش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى.

تاشقى ئالاقە، ھەمكارلىقى پۇختا قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق رىشتىنى تۇتاشتۇرۇش يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قازاقىستان، ئامېرىكا، جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق 103 دۆلەت ۋە رايون بىلەن خەلق پۇلىنى چېگرا ھالقىپ كىرىم ـ چىقىم قىلىش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى، كىرىم ـ چىقىم ئومۇمىي سوممىسى جەمئىي 241 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىنغان بانكىلار شىنجاڭدىكى كارخانىلار ۋە چېگرا سىرتىدىكى بانكىلارغا بېجىرىپ بەرگەن تۈرلۈك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كەسپىنىڭ قالدۇق سوممىسى 26 مىليارد 970 مىليون يۈەن بولدى، جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ چېگرا ھالقىغان خەلق پۇلىدا يېڭىلىق يارىتىش كەسپىنىڭ يۈرۈشۈشى تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولدى، خەلق پۇلى بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەر پۇلى سودىسى مۇقىم قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلدى.